# 305015 - ئېھرام كېيىمنى قانداق كېيىش توغرىسىدا

## سوئال

ھەجدە كېيىشكە رۇخسەت قىلىنغان ئاياغنىڭ تۈرلىرىگە ئالاقىدار سوئاللار: ھەنەپىي مەزھەب ئۆلىمالىرى بولۇپمۇ ئۇلاردىن ئىمام مۇھەممەد ۋە ھەسەن شەيبانى: ھوشۇق دېگەن پۇتنىڭ دۈمبىسىدىكى تومۇردىن ئىبارەت دەپ پۇتنىڭ دۈمبىسىگە ئىشارەت قىلىپ بۇ ئىككىسى ئوخشاش دېگەن، بۇنىڭدىن بۇ مەسىلىدىكى پۇتنىڭ دۈمبىسى دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بەك ئېھتىيات بىلەن چۈشىنىشكە تېگىشلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر كىشى ئېھرام كىيگەندە ئىككى پۇتنىڭ دۈمبىسىنى ئېچىش شەرتى بىلەن ھەر قانداق ئاياغنى كىيسە توغرا بولامدۇ؟. مالىكىي، شاپىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرىگە مۇۋاپىق ھالەتتە ئېھرام كىيگەندە، پۇتنىڭ قايسى تەرىپىنى ئوچۇق قويۇش توغرا بولىدۇ؟ جاۋابنى مەنبەلىرى بىلەن بىرگە يوللىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، ئېھراملىقنىڭ رەڭگى ئاق بولۇش توغرىسىدا دەلىل بارمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئېھرام كىيگەندە قانداق كىيىملەرنى كىيىدۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: **«ئېھرام كىيىدىغان كىشى: كۆينەك، سەللە، ئىشتان، باش كىيىمى ۋە ھوشۇقنى ياپىدىغان ئاياغلارنى كىيمەيدۇ، كەش تاپالمىغان كىشى ھوشۇقنى ياپىدىغان ئاياغنى ھوشۇقنىڭ ئاستىدىن كېسىۋېتىپ كىيىدۇ»** دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى 1543-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1177-ھەدىس].

ھەنەپىي مەزھەب ئۆلىمالىرى: پۇتنىڭ ئۈستى تەرىپى دېگەن سۆزنى: پۇتنىڭ دۈمبىسى، ئوتتۇرىسى ۋە ئاياغنى چىگىدىغان جاي دەپ چۈشەندۈرگەن.

ئەمما مالىكىي، شاپىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىبىدىكى كۆپچىلىك ئۆلىمالار پۇتنىڭ ئۈستى تەرىپى دېگەن سۆزنى پاچاق بىلەن پۇتنىڭ ئايرىلىشتىكى ئۆسۈپ چىققان سۆڭەك دەپ چۈشەندۈرگەن.

“كۇۋەيت پىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى” 2-توم 153-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: “ھەدىستە بايان قىلىنغانىدەك، كەش تاپالمىغان كىشى ھوشۇقنى ياپىدىغان ئاياغنى ھوشۇقنىڭ ئاستىدىن كېسىۋېتىپ كېيىدۇ”. بۇ ھەنەپىي،

مالىكى ۋە شاپىئى قاتارلىق ئۈچ مەزھەب ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدۇر، بۇ توغرىدا ئىمام ئەھمەدتىنمۇ بىر رىۋايەت بار.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار: ئاياغ ئاستى تەرىپىدىن كېسىلىدىغان پاچاق بىلەن پۇتنىڭ ئايرىلمىسىدىكى ئۆسۈپ چىققان سۆڭەك دەپ چۈشەندۈرگەن.

ھەنەپى مەزھەب ئۆلىمالىرى بولسا بۇنى: پۇتنىڭ دۈمبىسىدىكى، ئاياغنى چىگىدىغان جايدىكى سۆڭەك دەپ چۈشەندۈرگەن، بۇنىڭ سەۋەبى: ئۆسۈپ چىققان سۆڭەك دېگەن پۇتنىڭ دۈمبىسى ۋە ئىككى ھوشۇقنىمۇ مۇتلەق ئىشلىتىلگەنلىكتىن، ئېھتىياتەن پۇتنىڭ دۈمبىسىدىكى سۆڭەك دەپ چۈشەندۈرگەن.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: “ھەدىستىكى: **«ئۇستۇن سۆڭەكنىڭ ئاستىدىن كېسىشى كېرەك»** دېگەن سۆزنى، ئىلىم كىتابىنىڭ ئاخىرىدا ئىبنى ئەبى زىئبتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستىكى: **«ھوشۇقنىڭ ئاستىدا بولۇش كېرەك»** دېگەن سۆز ئوچۇقلاشتۇرغان.

ئىھرامدا ئۇستۇن سۆڭەكنى ئېچىشتىن بولغان مەقسەت: پاچاق بىلەن پۇتنىڭ ئايرىلمىسىدىكى ئۆسۈپ چىققان ئىككى سۆڭەك مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇ قاراشنى ئىبنى ئەبى شەيبە جەرىردىن، ئۇ ھىشام ئىبنى ئۇرۋىدىن، ئۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلغان: “ئىھرام كىيگۈچى كەش تاپالمىسا، پۇتنىڭ دۈمبىسى ۋە ھوشۇقنى ياپىدىغان ئاياغنىڭ ئۇستىنى يېرتىپ ئىككى پۇتنى تولۇپ تۇرىدىغان ھالەتتە قىلسۇن” دېگەن ئەسەر كۈچلاندۇرىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ۋە ھەنەپى مەزھىپىدىن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر: پۇتىدىن ئۆسۈپ چىققان ئۇستۇن سۆڭەكنى: ئاياغنى چىگىدىغان جايدىكى پۇتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆڭەك دەپ چۈشەندۈرگەن.

بەزىلەر: لۇغەت تەتقىقاتچىلىرى بۇنداق چۈشەندۈرمەيدۇ، مۇھەممەد ھەسەن شەيبانىنىڭمۇ بۇنداق دېگەنلىكى ئېنىق ئەمەس دەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: ئۇنىڭدىن بۇ سۆزنى نەقىل قىلغان ھىشام ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رازى مۇھەممەدنىڭ بۇ مەسىلىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: “ئىھرام كىيگەن كىشى كەش تاپالمىسا، پۇتنىڭ دۈمبىسىنى ياپىدىغان ئاياغنى ھوشۇقنىڭ ئاستىدىن كېسىۋېتىدۇ دەپ قولى بىلەن كېسىدىغان ئورۇنغا ئىشارەت قىلغان. بۇنى ھىشام تاھارەت ئالغاندا پۇتنى يۇيىدىغان ئورۇن دەپ نەقىل قىلغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى باتتالغا ئوخشاش ئەبۇ ھەنىپىدىن نەقىل قىلغان كىشىلەرنى تەكشۈرگۈچىلەر: ئۇستۇن سۆڭەك دېگەن پۇتنىڭ دۈمبىسىدىكى سۆڭەك دېگەن سۆز توغرا بولسا، بۇ ئەبۇ ھەنىپە رەھىمەھۇللاھنىڭ سۆزى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيباني دېگەن دەپ نەقىل قىلىش كېرەك بولمايدۇ. [“پەتھۇل بارى” 3-توم 402-بەت].

توغرا سۆز كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ ئىككى پۇتنىڭ ھوشۇقى دېگەن سۆزى بولۇپ، كۆپچىلىك لۇغەت تەتقىقاتچى ئۆلىمالىرىمۇ بۇ سۆزنى كۈچلاندۇرغان.

ۋاهدي مۇنداق دەيدۇ: "پۇتىدىن ئۆسۈپ چىققان سۆڭەك دېگەن لۇغەت تەتقىقاتچىلىرى ۋە كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئېتىراپ قىلمايدىغان سۆز بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق دېگەن كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قارالمايدۇ". ["ئەلبەسىيت"7-توم 285-بەت].

ئىككىنچى: ھەج-ئۆمرىگە ئېھرام كىيىشتە ئاستىغا بىر ۋە ئۈستىگە بىر ئېھراملىق كىيىش سۈننەت بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئېھرام كىيگەندە قانداق كىيملەرنى كىيىشتىن ساقلىنىش كېرەك؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«ئېھرام كىيدىغان كىشى: كۆينەك، سەللە، ئىشتان، باش كىيمى، گۆل سۈيىدە ۋە سېرىق رەڭدە بويالغان كىيملەرنى كىيمەيدۇ، سىلەرنىڭ بىرڭلار ئۈستىگە بىر پارچە ۋە ئاستىغا بىر پارچە كىيم بىلەن ئېھرام كىيسۇن»** دېدى. [ئىمام ئەھمەد "ئەلمۇسنەد" 8-توم 500-بەتتە رىۋايەت قىلغان. مۇسنەدنى تەتقىق قىلغۇچىلار سەھىھ دېگەن. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ"ئىرۋائۇل غەلىيل"4-توم 293-بەتتە كەلتۈرگەن].

"رىدا" دېگەن ئۈستى تەرەپكە كىيدىغان ئېھرام بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئىككى دولىسىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ئىككى ئۇچى بىلەن مەيدىسىنى ئورايدۇ.

"ئىزار" دېگەن بەدىنىنىڭ ئاستى تەرىپىنى ئورايدىغان ئېھرام كىيمدۇر.

زۇبەيدى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىزار" دېگەن بەدەننىڭ ئاستى تەرىپىنى ئورايدىغان نەرسىدۇر. رىدا دېگەن: بەدەننىڭ ئۈستۈن تەرىپىنى ئورايدىغان نەرسىدۇر. بۇنىڭ ھەر ئىككى پارچىسى يىگىندە تىكىلمىگەن بولىدۇ. ["تاج ئەلئەرۇس" 10-توم 43-بەت].

ئېھرام كىيمىنىڭ ئاق رەختتىن بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ، لېكىن ئاق رەختتىن بولسا ياخشى بولىدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانلار بۇرۇندىن ئېھراملىقنى ئاق رەختتىن قىلىپ ئادەتلەنگەن.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ  مۇنداق دەيدۇ: "پاكىز ئىككى پارچە كىيم بىلەن ئېھرام كىيىش ياخشى بولىدۇ، ئەگەر ئاق رەختتىن بولسا ياخشى، ئەمما ئاق رەڭدىن باشقا رەڭلەردىكى رەختلەر بىلەن ئېھرام كىيسمۇ توغرا بولىدۇ. ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى"26-توم 109-بەت].

ئىبنى قۇدامە رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئېھراملىق كىيم يېڭى بولسۇن ياكى تازىلانغان بولسۇن پاكىزە بولىشى كېرەك، بىز ئۇ كىشىنىڭ خۇددى جۈمە نامىزىغا كەلگەندەك بەدىنى ۋە كىيمىنىڭ پاكىزە بولىشىنى ياخشى كۆرىمىز.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىستە: **«ئەڭ ياخشى كىيىمڭلار ئاق كىيىمدۇر، ھايات ياشىغانلارغا ئاق كىيىم كەيدۈرۈڭلار، ۋاپات بولغانلارنىمۇ ئاق رەخت بىلەن كېپەنلەڭلار»** دەپ بايان قىلغاندەك، ئېھرام كىيىممۇ ئاق بولسا ياخشى بولىدۇ. [“ئەلمۇغنى”5-توم 77-بەت].

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.